⑤مەن يازلىق تەتىلدە يۇرتقا قايتقاندا كۇچادىكى مىڭ ئۆي، تۇرپاندىكى ئىدىقۇت، بىزەكلىك قاتارلىق مەشھۇر ئورۇنلار ۋە تارىخىي يادىكارلىقلارنى زىيارەت قىلىمەن.

⑥مەن يۇرتۇمنى مەدھىيىلەيمەن، مەڭگۈ قەدىرلەيمەن.

⑦سىناش ئارقىلىق ناچار ئادەت تورموزلىنىدۇ ۋە يەنىمۇ ئاجىزلىشىدۇ، ئالىيجاناپ ھەرىكەتلەر بولسا كۈچىيىدۇ.

⑧يەر تەۋرەشنى ئالدىن كۆزىتىشتىكى سىناقلاردىمۇ، ئالدىن بېرىلگەن خەۋەرنىڭ ئىككى قېتىملىقىنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلاندى.

⑨ئۇنىڭ قورسىقى توقلاندى.

⑩ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ تونۇردا نان يېقىپ يەپ ئادەتلىنىپ قالغان، ھازىرمۇ ئۇلار تونۇر نېنىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ.

4- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىڭ.

1) Ne oldu? Ağlıyor musun?
2) Ailenle görüşüyor musun?
3) Şimdi ülkemizde sıkı yönetim ugulanıyor.
4) Hasan soğuktan titriyor.
5) Biz Uygur Türkçesini çok iyi öğreneceğiz.
6) Biraz sonra anneme yardım edeceğim.
7) Ayşe elindeki çiçekleri kokluyor.
8) Ailem Kaşgar’da yaşamakta.
9) Kamil hergün spor yapmakta.
10) Biz hepimiz sınava hazırlanmaktayız.

مەجھۇل دەرىجە قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندىن كېيىن ئۆتۈملۈك پېئىللار ئۆتۈمسىز پېئىلغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئەركىن پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ سايلاندى.

قاسىم ئۆيگە يېقىنلىشاي دېگەندە، كوچىدا توساتتىن ئوق ئېتىلدى.

ئەتىيازدا تېرىلغۇ جىددىي ئېلىپ بېرىلماقتا.

«ئويغانغان زېمىن» ناملىق رومانىنىڭ يېزىلىشى ئۈچۈن نۇرغۇن يىل سەرپ قىلىنغان.

يامانغا يولۇقساڭ يارىسى يۇقار، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار. (ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندىكى پېئىللارنى مەقسەت پېئىلغا ئۆزگەرتىڭ.

| | | |
|---|---|---|
| كۈل - | ئاغدۇر – | قىل - |
| قوپ - | سۈپۈر – | تازىلا – |
| يەت - | ئىشلە – | ئېلىپ بار – |
| قال - | تۈزەت - | قولغا كەلتۈر - |



2- تۆۋەندىكى پېئىلارنى مەجھۇل دەرىجىگە ئۆزگەرتىڭ.

| | | |
|---|---|---|
| قوش - | ئوقۇ – | تەرتىپكە سال - |
| دە – | ئەت - | تارقال - |
| تۈز – | ئىپادىلە – | ئېلىپ بار – |
| قىل - | تەرەققىي قىل - | ئۆتكۈز - |

3- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

①مىلادىنىڭ 1865-1867-يىللىرى ياقۇپ بەگ ئۈچتۇرپان، كۇچار، كورلا، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنى قولغا كىرگۈزۈپ، قەشقەردە يەتتە شەھەر خانلىقىنى قۇرۇپ ئۆزىنى «بەدۆلەت» دەپ ئاتىدى.

② بىز دەريا لېۋىگە بېرىپ، دەرياغا تور سالدۇق. زور بىر بېلىق كېلىپ تورغا ئىلىندى.

③ئۇنىڭ ئاپئاق ئىككى مەڭزى سەل – پەل قىزارغاندەك بولۇپ، تورلاشقان كۆزلىرىدە ئۇچقۇنلار چاقنىغاندەك كۆرۈندى.

④ئىستانبۇلدا ئوقۇۋاتقان بىر دوستۇم ئىستانبۇلنىڭ ئىنتايىن گۈزەل ۋە ھەيۋەتلىك شەھەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

ئۇ گېلەم ئۈستىدە يۆكۈنۈپ ئولتۇراتتى.

ياغاچلاردا ئاچ قالغان قاغا – قۇزغۇنلار قاناتلىرىنى يېيىپ ئولتۇرۇشاتتى.

قىزلار ئەتىگە تۇرۇپ، چېچىنى ئېچىپ، چىرايلىق ياسىنىپ قىزىل تاغ باغچىسىغا كەتتى.

2- پېئىلنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى

جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ھەرىكەت بىلەن ھەرىكەت ئىگىسى ئوتتورىسىدىكى ھەر خىل مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدىغان گراماتىكىلىق كاتېگورىيە پېئىلنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى ئەسلىي دەرىجە، مەجھۇل دەرىجە، ئۆزلۈك دەرىجە، مەجبۇرىي دەرىجە ۋە ئۆملۈك دەرىجىدىن ئىبارەت بەش دەرىجىدىن تەركىپ تاپىدۇ.

3- پېئىلنىڭ ئەسلىي دەرىجىسى

ئەسلىي دەرىجە دەرىجە قوشۇمچىلىرى قوشۇلمىغان شەكلىدىن ئىبارەت. ئەسلىي دەرىجىدىكى پېئىللار باشقا شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ. بۇ خىل پېئىللار ھەرىكەتنىڭ گراماتىكىلىق ئىگىسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ لوگىكىلىق ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار كەلدى.

مەن بەش يىل ئوقۇدۇم.

بىناكارلىق ئۇستىلىرى نۇرغۇنلىغان بىنالارنى بەرپا قىلدى.

بۇلارنىڭمۇ ئالدىدا بېزەكلىك ئاتلار قوشۇلغان، گىلەم سېلىنغان ئوچۇق هارۋا ئۈستىدە چىرايلىق كىيىنگەن، بەللىرىگە توقۇلمىلىق شايى رومال باغلىغان ناغرا، سۇناي، كانايچىلار زوق بىلەن قىزىل پۆپۈكلەر باغلانغان چالغۇلىرىنى چالماقتا.

4- مەجھۇل دەرىجە

مەجھۇل دەرىجە ھەرىكەتنىڭ جۈملىنىڭ ئىگىسى تەرىپىدىن ئەمەس، باشقا بىر شەخس ياكى شەيئى تەرىپىدىن ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان دەرىجە شەكلى.

پېئىلنىڭ مەجھۇل دەرىجە شەكلى ئاخىرقى بوغۇمى «ل» بىلەن ئاياغلاشقان ئۆتۈملۈك پېئىللارغا « - ن، -ىن، -ۈن، -ۇن» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، باشقا ئۆتۈملۈك پېئىللارغا « - ل، -ىل، -ۈل، -ۇل» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: چال – چالىندى. ئال – ئېلىندى، قىل – قىلىندى. ياز – يېزىلدى. كۆر – كۆرۈلدى....